# 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنى بېيجىڭدا يېپىلدى

ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈش قانۇنى قاتارلىقلار ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ماقۇللاندى

## شى جىنپىڭ رەئىس پەرمانى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى

### لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى. يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈش قانۇنى، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئارخىپ قانۇنى، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن خەلق قوراللىق ساقچىلىرى قانۇنى ماقۇللاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 46 -، 47 -، 48 - نومۇرلۇق رەئىس پەرمانى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى. كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 160 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «قورال - ياراغ سودىسى شەرتنامىسى»گە قاتنىشىش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ماقۇللىنىپ، بۇ شەرتنامىگە قاتنىشىش قارار قىلىندى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق مەركەز نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ماقۇللىنىپ، 2019 - يىللىق مەركەز نەق چوتى تەستىقلاندى.

يىغىندا يەنە ئالاقىدار تەيىنلەش - قالدۇرۇش لايىھەلىرى ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ماقۇللاندى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيما چىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، باش كاتىپ ياڭ جېنۋۇ يىغىنغا قاتناشتى.

گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شياۋدۇ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى جوۋ چياڭ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى جاڭ جۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يېپىلىش يىغىنىدىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 17 - قېتىملىق مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيە ئۆتكۈزدى، كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو سىياسىي قانۇن داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ما خۇەيدې «دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي قانۇن تۈزۈمى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

# ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق - ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق

ــــ كۆپ دۆلەتتىكى زاتلار ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى: ئامېرىكا تەرەپ يېقىندا جۇڭگو تەرەپنىڭ كەسكىن سۆزلىشىگە قارىماي، ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. كۆپ دۆلەتتىكى زاتلار بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق كۆرسەتتى: ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن بوھتان چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇنى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق - ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇش سۇيىقەستى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

رۇسىيە موسكۋا دۆلەتلىك داشۆسى سىياسىي شىسىنىڭ پروفېسسورى ئاندرېي مانويلو مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. جۇڭگو يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، لېكىن بۇ خىل ۋەزىيەت ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسىي كۈچلەرنىڭ «كۆڭلىگە ياقمىدى»، شۇڭا ئۇلار «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمدە دىن جەھەتتە توقۇنۇش پەيدا قىلىش، مۇقىم ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. ئامېرىكا تەرەپ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك دۇنيا تىل داشۆسىنىڭ پروفېسسورى تۇرسۇنال كۇزىيېۋ ئىلگىرى ئۆزبېكىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە مىنىستىرى بولغان، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا كۆپ قېتىم زىيارەتتە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولغان. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ مۇشۇنداق غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا بولغان شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن. شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا ھوقۇقلۇق.

ئافغانىستاننىڭ سىياسىي تەھلىلچىسى شەمسۇر ئەلئەنفار مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى دەپسەندە قىلغانلىق. ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا يول كۆرسىتىش سالاھىيىتى يوق، ئۇلار ئۆز دۆلىتىدىكى ئېغىر ئىرقىي كەمسىتىش مەسىلىسىنى ياخشى تەكشۈرۈشى كېرەك. ھەرقانداق ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت تەدبىر قوللىنىپ دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا، دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا، تەرەققىيات يولىنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق. «جۇڭگودا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ، جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتنى ساقلىشى جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوللانغان توغرا بولغان شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن» دېدى ئەلئەنفار.

پاكىستان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ھەققانىيەت ھەرىكىتى پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات شۇجىسى ئەھمەد جاۋاد مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقى بىزگە تىنچ، مۇقىم شىنجاڭنى كۆرسىتىپ بەردى، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر - ئىتتىپاق بولۇپ، مىللىي كەمسىتىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، خەلق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

ھىندونېزىيە ئاسىيا يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى بانباڭ سۇرىيونو مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو شىنجاڭدا ئالغا سىلجىتقان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقى گەۋدىلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئامېرىكا يۇقىرىقى پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، جاھىللىق بىلەن شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئوچۇق - ئاشكارا ئارىلاشقانلىق، ئامېرىكىنىڭ «قوش ئۆلچەم» قوللانغانلىقىنىڭ ئەڭ تولۇق ئىپادىسى. بۇنىڭدا پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇش مۇددىئاسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە تەرەققىياتقا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئەمەس. بۇنداق زومىگەرلىك قىلمىشى مۇقەررەر ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ لەنىتىگە ۋە قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ.

سىرى لانكا سىرى لانكا - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاناندا گوناتىللاك مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. ئامېرىكا ئەسلىدە تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى بولۇپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قوللىشى كېرەك ئىدى، ئەمما تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم»نى يولغا قويدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى زومىگەرلىكنى قوللىنىدىغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىقى، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى دەلىل - ئىسپاتى، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈشتىكى ئەڭ يېڭى قەدەم - باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى يامان غەرەز ناھايىتى روشەن.

كېنىيە ئافرىقا سىياسەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى پېتېر كاگۋانىيە مۇنداق دېدى: كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش نامى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ئامېرىكىنىڭ «قىلتىقى». جۇڭگو مىللەتلەر باراۋەرلىكى - ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوغدىدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە چىڭ تۇردى. ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدا بىر قېتىممۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا بانيالۇكا سىياسىي پەنلەر شۆبىۋەنىنىڭ پروفېسسورى مىلوس شولايا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى سىياسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاساسسىز گەپلەرنى ئويدۇرۇپ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. جۇڭگو خەلقئارا سەھنىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر چوڭ دۆلەت، جۇڭگوغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، جۇڭگونىڭ نامىنى بۇلغاش ئامېرىكىغا ھېچقانداق مالىيەتلىك پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: لۇەن خەي، سەي گودۇڭ، چېن شىن، زوۋ دېلۇ، لى خاۋ، لياڭ خۇي، تاڭ لۇ، بەي لىن، جاڭ شيۇجى)**

# ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشىغا تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى قوشۇلمايدۇ

شىنخۇا مۇلاھىزىسى

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى پەن يىلك**

ھازىر تيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىدا بۇغدايلار دولقۇنلاپ، مېۋە - چېۋىلەر خۇش پۇراق چاچتى، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىۋاتقان پەيتتە، ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلىدى. بۇنداق زومىگەرلىك قىلمىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، بۇنى جۇڭگو خەلقى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلغان، ئەمما يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يامرىغان ئەھۋالدا، ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ ھاياتىغىمۇ پەرۋا قىلمىغان ئامېرىكا تەرەپ قانداقمۇ باشقا دۆلەت خەلقىنى چۈشەنسۇن ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلسۇن؟ بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. ئىلگىرى ئەسەبىزم ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، بىگۇناھ ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراپ، كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇشتىن، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىگەنگە قەدەر، مۇقىملىق پايدىسى سېزىل قويۇپ بېرىلدى، ساياھەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، 2019 - يىلى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ تارىختىكى خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بارا - بارا ئازابتىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلدى. ئوخشاشلا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئامېرىكا تەرەپ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلانماي، ئەكسىچە ھەر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم» قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ساختا ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىجىل گۈللەنگەن، مۇقىم بولغان، تەرەققىي قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلغانلىقىدەك پاكىتنى كۆرمەسكە سېلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنى ئىلگىرىكى مالىمانچىلىق توختىمىغان يىللارغا قايتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇماقچى بولدى، ئۇنىڭ نىيىتى رەزىل. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى، ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، بۇنىڭغا ھەرقانداق تاشقى كۈچ تۆھمەت قىلالمايدۇ، قارا چاپلىيالمايدۇ.

مالىمانچىلىقتىن تۈزەشكىچە بولغان جەريانى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ قانداق تەستە قولغا كەلگەنلىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئەڭ ئېنىق. ھەر يىلى، مەركەز مالىيەسىدىن شىنجاڭغا بەرگەن يۆتكىمە چىقىم مەبلىغى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنى قوشقاندا 415 مىليارد يۈەن خەلق پۇلىدىن ئاشىدۇ. شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، مەسىلەن، بارلىق يېزا باللىرى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولۇش، ھەر بىر ئادەم ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشتىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلار.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان قىلتىقىنى بىلىپ يەتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇقىملىقنى ئويلاش، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئىشەنچى، ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. بىز دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، ئۆيىدىن چىقىپ كارخانىغا كىرىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆردۇق... كەنتلەرگە بېرىپ ئائىلىلەرگە كىرگەندە ھەممە يەردە چېھرىلەردە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، بازارلار ئاۋات بولغان، ھەممە يەردە خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئىناق، بەختلىك بولغان يېڭى مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«مۇقىملىق ــــ بەخت، مالىمانچىلىق ــــ ئاپەت»، شىنجاڭ خەلقى ئازابنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ھەرقانداق كىشىدىن بەكرەك ھازىرقى تەستە قولغا كەلگەن ياخشى كۈنلەرنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، شىنجاڭ خەلقىنى ئىلگىرىكى ئازابنى قايتا باشتىن كەچۈرگۈزۈشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتۇر، بۇنداق كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرۈش توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخىي مۇساپە ۋە كۈچلۈك خەلق رايى ئالدىدا، بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق، خالاس.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ كېچىلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىستېمالنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار مەۋقەنى ئۆزىنىڭ رايون ئورنى، كەسىپ ۋە سىياسەت ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەت، ئىستىراھەت قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ كېچىلىك ئىستېمال ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ ھالەتلىرىنى نۇقتىلىق يېتىشتۈردى، ئۆزگىچە كېچىلىك مەنزىرە رايونى، ئۆزگىچە كېچىلىك مەززىلىك تائاملار، ئۆزگىچە كېچىلىك مال سېتىۋېلىش، ئۆزگىچە كېچىلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قاتارلىق كېچىلىك ئىقتىساد تەرەققىيات سۇبيېكتلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە 2 - تۈركۈمدىكى كېچىلىك ئىقتىساد ئۆلگە كۆرسىتىش كوچىلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدىكەن. ھەرقايسى جايلار كېچىلىك كوچا رايونلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش، يارقىن نۇقتا پائالىيەتلىرىنى پىلانلاش، شەكىللەندۈرۈش، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ ھالەتلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش تەپەككۇرىغا ئاساسەن، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۆلگە كۆرسىتىش كوچا رايونلىرىنىڭ تەجرىبە، ئۇسۇللىرىنى تولۇق ئۆرنەك قىلىپ، يەرلىك ئۆلگە كۆرسىتىش كوچا رايونلىرى قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ كېچىلىك ئىقتىساد ۋاسىتىلىرىنى يېتىلدۈرىدىكەن.